# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 3 - ئاي

30

دۈشەنبە

维吾尔文 3月30日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

CN 65—0002/—W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57  ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com  25016 - سان  بۈگۈن 4 بەت


# شى جىنپىڭنىڭ «ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدا» ناملىق كىتابىنىڭ ياپونچە نۇسخىسى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت تەتقىقات يۇرتى تەرجىمە قىلغان شى جىنپىڭنىڭ «ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدا» ناملىق كىتابىنىڭ ياپونچە نۇسخىسى يېقىندا مەركىزىي تەھرىر - تەرجىمە نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

شى جىنپىڭنىڭ «ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدا» ناملىق كىتابىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت تەتقىقات يۇرتى تەھرىرلىگەن، ئۇنىڭغا يولداش شى جىنپىڭنىڭ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇش بايان قىلىنغان مۇھىم قول يازمىلىرىدىن 85 پارچىسى كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتابنىڭ ياپونچە نۇسخىسى ۋە بۇنىڭدىن ئىلگىرى نەشر قىلىنغان ئىنگلىزچە، فىرانسۇزچە نۇسخىسى چەت ئەللىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىگىلىشىدە، شى جىنپىڭ دىپلوماتىيە ئىدىيەسىنىڭ مول ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ دىپلوماتىيە فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىشىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئاپتونوم رايون نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنى ھەم تېزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەخسۇس تېمىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنى ئاچتى

# تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، ۋەۋسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بارلىق كۈچلەرنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

## چېن چۈەنگو سۆز قىلدى، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا ئاپتونوم رايون نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنى ھەم تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەخسۇس تېمىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنى ئېچىپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە مەركەزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە - ئۈنۈمىنى باھالىشىدا بايقالغان مەسىلىلەر، مەخسۇس كۆزىتىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»تا كۆرسىتىلگەن مەسىلىلەر ۋە «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە تەكشۈرۈلگەن، كۆزىتىپ چىقىلغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۇنجېڭ، تيەن ۋېن، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە رەئىس ۋاڭ ياڭنىڭ گۇۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى› توغرىسىدىكى ۋەزىپىنى تەقسىملەش لايىھەسى» «ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 - يىللىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە - ئۈنۈمىنى باھالاش خىزمەت لايىھەسى» «ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 - يىللىق نامرات ناھىيەلەرنى چىقىرىۋېتىشنى مەخسۇس باھالاش، تەكشۈرۈش خىزمىتى لايىھەسى» قاتارلىقلار قاراپ چىقىلدى.

چېن چۈەنگو مۇنداق كۆرسەتتى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نىشان ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، دەل جايىدا بولۇش تەدبىرىدە چىڭ تۇرۇپ، قاتتىق بولۇشتا، ئەمەلىي بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مەركەزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە - ئۈنۈمىنى باھالىشى ۋە مەخسۇس كۆزىتىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»تا قايتىما ئىنكاس قىلىنغان پىكىرلەرنى تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، ۋەۋسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، بارلىق كۈچلەرنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇپ، ئۇدا جەڭ قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، قەرەلىدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مۇھەببىتى تىيانشاننى ئىللىتتى

## بىر ياقىدىن باش چىقىرىلىپ، بىر نىيەتتە ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق ئورتاق يېڭىلدى

### —— شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر ۋە شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كەڭ كادىرلار، ئىختىساسلىقلار پائال نەتىجە يارىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقىغا ئالاقىدار تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇشىغا كۈچ قوشتى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ يەنفاڭ

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر ۋە شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كەڭ كادىرلار ياردەم بەرگەن ۋە ياردەمنى قوبۇل قىلغان ئىككى جاينى «بىر تاختا شاھمات» قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، بىر قولدا قىلچە بوشاشماي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىر قولدا شىنجاڭغا ياردەم بېرىشتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى توختىماي ئالغا سىلجىتىپ، ئۇستۇنلۈكنى جارى قىلدۇرۇپ، چىن مۇھەببەت بىلەن ياردەم بېرىپ، پائال نەتىجە يارىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقىغا ئالاقىدار تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇشىغا كۈچ قوشتى.

**پۈتۈن كۈچ بىلەن ياردەم بېرىش جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇش**

يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، شېنجېننىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى كۆپ تەرەپتىن تەييارلىق كۆرۈپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشياسى تەييارلاپ قەشقەرگە جىددىي ياردەم قىلدى، شېنجېن خەلقىنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتى سىڭگەن، ئون قان ھۆجەيرىسىنى ئانالىز قىلىش ئەسۋابى قاتارلىق بىرتۈركۈم تېببىي داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ۋە 600 مىڭدىن ئارتۇق ماسكا قاتارلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشياسىنى ھاۋا ترانسپورتى، تاشيول ترانسپورتى قاتارلىق كۆپ خىل يول ئارقىلىق قەشقەرگە توشۇدى.

«پەۋقۇلئاددە مەزگىلدە، شېنجېن - قەشقەر ئىككى جايدىكى خەلق ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يەڭدى» دېدى شېنجېن شەھىرىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ باش قوماندانى ياڭ چۈنشېڭ ھاياجانلانغان ھالدا.

يۇقۇم مەزگىلىدە، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر باشتىن - ئاخىر شىنجاڭ بىلەن جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشۋاتقان جايلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىنى قوللاشنى مۇھىم سىياسىي مەسئۇلىيەت قىلدى. ئۆز ئۆلكە،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولايلى

# ئۆيىمىزگە سىردىشىمىز كەلدى

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۇڭ ياۋېن، ئىختىيارىي مۇخبىرلار جى رۇڭدو، چېن دېما**

بىر يەشىك پىۋا 30 يۈەن، بىر خالتا تۇز 2.5 يۈەن، بىر بولاق تەييار چۆپ 2.5 يۈەن... 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، جىڭ ناھىيەسىنىڭ تولى بازىرى چاغانمودۇن كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى با جىرىبىڭگا ئۆزىنىڭ كىچىك دۇكىنىدا قوشماقلاشقان تۇغقىنى، جىڭ ناھىيەلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ كادىرى دياۋ جياڭلىيەن بىلەن بىللە ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

«بۈگۈن ئادەم بىرقەدەر كۆپ، ھېلىمۇ ياخشى سىڭلىم ياردەم قىلدى» دېدى با جىرىبىڭگا كۈلۈپ تۇرۇپ.

2016 - يىلى 10 - ئايدا، ئاپتونوم رايون «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 11 - ئاينىڭ بېشىدا، دياۋ جياڭلىيەن با جىرىبىڭگانىڭ ئۆيىگە كەلدى، ئىككىيلەن قوشماقلىشىپ تۇغقانلاشتى.

دياۋ جياڭلىيەن تۇنجى قېتىم با جىرىبىڭگانىڭ ئۆيىگە بارغاندىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «ئۆيىدە ھېچقانداق ئېلېكتر سايمىنى يوق ئىدى».

ئەسلىدە، 2014 - يىلى با جىرىبىڭگانىڭ ئېرى يى ئېردەي تۇيۇقسىز ئاغرىپ قالغان، ئۇلار كېسەل كۆرسىتىش ئۈچۈن يىغقان پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىپ بولغاندىن باشقا يەنە، ئائىلىسىنىڭ 13 مو يېرىنى ھۆددىگە بېرىۋەتكەن، بىر ئائىلە كىشىلىرى تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ئىكەن.

ئىلگىرى، با جىرىبىڭگا ھەر كۈنى قازان بېشىنى چۆگىلەپ ۋە باللىرى بىلەن ھەپىلىشىپلا ئۆتىدىغان ئائىلە ئايالى ئىدى. 2014 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، جىڭ ناھىيەلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ تولى بازىرى چاغانمودۇن كەنتىدە تۇرۇشلۇق

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى موتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى ئىگىدارلىق مىقدارى 5 مىليون 490 مىڭغا يەتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جېڭ جونىڭ** 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئېچىلغان ئاپتونوم رايون بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتناش باشقۇرۇش خىزمىتى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، 2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى موتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى ئىگىدارلىق مىقدارى 5 مىليون 490 مىڭغا يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 9.8% ئاشقان، موتورلۇق قاتناش ۋاسىتىسى ھەيدەيدىغانلار ئىگىدارلىق مىقدارى 6 مىليون 710 مىڭغا يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 8.6% ئاشقان.

ئادەم، ئاپتوموبىل، يول سىجىل كۆپىيىۋاتقان ئەھۋالدا، ئاپتونوم رايونىمىز جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتناش باشقۇرۇش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئىلگىرى سۈردى. بۇلتۇر ئاپتونوم رايون بويىچە قاتناش ھادىسىلىرىنى ئالاقە تورىدا تېز بىر تەرەپ قىلىش، تېز تۆلەم بېرىش سىستېمىسىدا يېڭىك يول قاتناش

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي چىڭ تۇتۇش  پەيتنى قولدىن بەرمەي ئىشلەش

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 2300 بىناكارلىق قۇرۇلۇش تۈرىدە ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈجاۋنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىز كۆپ خىل شەكىلدە يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى يېڭىپ، بىناكارلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولغان. 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 2020 - يىلى داۋاملاشتۇرۇپ قۇرۇلۇش قىلىنىدىغان 4032 قۇرۇلۇش تۈرىدىن 2300 تۈردە ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

ھاۋانىڭ ئىللىشىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش كارخانىلىرى، ئۆي - زېمىن تەرەققىيات كارخانىلىرى قاتارلىقلار خادىملارنى ئىش ئورنىغا قايتىش، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئارقا - ئارقىدىن تەشكىللىدى، ھەر دەرىجىلىك تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى تارماقلىرى ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن بۇرۇنقى قۇرۇلۇش مەيداندىكى مۇھىم ھالقا، نۇقتىلىق ئورۇنلارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، ئۈسكۈنىلەرنىڭ بىخەتەر ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى نۇقتىلىق نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈپ، تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى ساھەسىدىكى ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك كارخانىلارنىڭ بىخەتەر قۇرۇلۇش قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى قۇرۇلۇش سۈپەت بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى يۈ لىجياڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: بىناكارلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە

(ئاخىرى 3 - بەتتە)



3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ توخۇلا يېزىسى تۆۋەنكى سۇ بۇلاق كەنتىدىكى ئاھالىلەر شال ئېتىزىدا سولياۋ تاختىدا شال مايىسى يېتىشتۈرمەكتە. □ يەن شۈلىن فوتوسى

شالچى دېھقانلار مايسا يېتىشتۈرۈش بىلەن ئالدىراش

# شىنجاڭدىكى تۇنجى كۆلەملەشكەن پولىئېستېر تۈرىدە قۇرۇلۇش باشلاندى

### قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن، ئىككىلەمچى ياندىش كەسپلەر زەنجىرىدە 50 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **رېن جياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، شىنجاڭدىكى تۇنجى كۆلەملەشكەن پولىئېستېر تۈرى —— شىنجاڭ جۇڭتەي (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ يىلىغا 500 مىڭ توننا پولىئېستېر ئىشلەپچىقىرىش تۈرىنىڭ قۇرۇلۇشى كورلا شاڭكۇ يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدىكى نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتى كەسپلەر باغچىسىدا باشلاندى.

«بۇ تۈر يۇقىرىدا خىمىيە سانائىتى كەسپى، تۆۋەندە توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ھالقا، قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ پولىئېستېر خىمىيەلىك تالا خام ماتېرىيالىنى كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش بوشلۇقىنى تولدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ سانائەت كەسىپ تۈرلىرىنى بېيىتىپ، زامانىۋى كەسپلەر سىستېمىسى بەرپا قىلىشقا كۈچ قوشىدۇ» دېدى كورلا ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونلۇق پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ تۈرنى 2021 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پۈتتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرگۈزۈش پىلانلانغان بولۇپ، تەخمىنەن 3 مىليارد 400 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىكەن، بۇ تۈر يىلىغا 250 مىڭ توننا ئۇزۇن تالا ئىشلەپچىقىرىش ۋە يىلىغا 250 مىڭ توننا قىسقا تالا ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، يىللىق سېتىش كىرىمى 3 مىليارد 760 مىليون يۈەنگە، تاپشۇرىدىغان بېجى

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# شىنجاڭدىكى پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈگۇيپىڭنىڭ** شىنجاڭ ئاكسىيە نازارەتچىلىكى ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە، شىنجاڭدىكى پېيى بازارغا سېلىنغان 55 شىركەتنىڭ ھەممىسى ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

بۇنىڭ ئىچىدە، 1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈرى، جىنفېڭ يەن - تېخنىكىسى، لىئاڭ تېخنىكىسى، شىلىڭ ئۇچۇرى، تيەنكاڭ بىيولوگىيەسى، تيەنشۈن پېيى، شىنتەي تەبىئىي گازى قاتارلىق پېيى بازارغا سېلىنغان 29 شىركەت يۇقۇمدىن بۇرۇنقى نورمال ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

新疆日报 | 石榴云

新疆报业传媒集团